# شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
22
چارشەنبە
维吾尔文 4 月22日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25039 - سان　بۈگۈن 4 بەت


# ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

دۆلەت ئىچكى ئېھتىياجنى كۈچەيتىپ كېڭەيتىش دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش خەۋپ - خەتىرىنى تۈگىتىشتىكى مۇقەررەر تاللاش، شۇنداقلا بىزنىڭ تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشىمىزدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىمىز.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇشنى تەكىتلىدى ھەم دۆلەت ئىچكى ئېھتىياجىنى پائال كېڭەيتىشكە قارىتا خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى قىلدى، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي تەلەپنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

خەلقئارادا يۇقۇمنىڭ سىجىل يامراشقا ئەگىشىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش خەۋپ - خەتىرى كۈچەيدى، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئۆگىنىلدى، رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە سۆھبەتكە چاقىرىش يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگەندى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە سۆھبەتكە چاقىرىش يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى خۇ چۈنخۇانىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلغاندا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسى ۋە بەلگە خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچى، جەزمەن قەرەلدە تاماملاش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنىدا ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك ھالىتى، ھايات - ماماتلىق جەڭ قىلىش ئىرادىسى، ئاخىرغىچە تۇتۇش چىدامچانلىقى بىلەن، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ھەقىقىي ئىش قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ مەسىلىنى تۈزىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئاساس كۈچەيتىلدى　كەمتۈكلۈكلەر تولۇقلاندى

## ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، S101 لىنىيەسى شىخو شەھىرى بەيياڭگوۋ بازىرىنىڭ يول بۆلىكىدە، ئىشچىلار جىددىي قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتى. S101 لىنىيەسى شىنجاڭ بۇ يىل نۇقتىلىق بەرپا قىلىدىغان سەرخىل ساياھەت لىنىيەلىرىنىڭ بىرى، نۆۋەتتە پۈتۈن لىنىيەدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ساياھەتچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويدى. 880 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 73 ساياھەت مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى تۈرى، 21 ساياھەتچىلىككە مۇناسىۋەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى تۈرى، 479 ساياھەت ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى تۈرى ۋە 1990 ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇ قۇرۇلۇشى تۈرىنى يولغا قويىدى، S101 لىنىيەسى، ئالتاي قۇم كەنتى تاشيولى، تاشقورغان - يەكەن قەدىمىي يولى، چېشى قەدىمىي يولى، ئۈرۈمچى - بۇرۇلتوقاي يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قاتارلىق ساياھەت قاتناش ۋە يانداش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى شارائىتىنى سىجىل ياخشىلىدى.

ھەرقايسى جايلار يەنە مەبلەغنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلەر نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، ساياھەتچىلىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى زور سالماق بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزنىڭ 8 مىليارد 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ياردەم پۇل مەبلىغىگە ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى لىننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە: يېقىندا، مەركەز ئاپتونوم رايونىمىزغا 2020 - يىللىق قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ياردەم پۇل مەبلىغىدىن 8 مىليارد 110 مىليون يۈەن چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 730 مىليون يۈەن كۆپەيگەن.

بۇ مەبلەغ شەھەر - يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت پۇلى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش - بېقىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، سەرگەردان - تىلەمچىلەرنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش، يېتىم بالىلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بەش جەھەتتىكى چىقىمغا بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىشقا ئىشلىتىلىدىكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## 1 - پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىز 6 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار ياردەم مەبلىغى ئاجراتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شيانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ 1 - پەسلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇغۇچىلار ياردەم مەبلىغىدىن جەمئىي 6 مىليارد 511 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، 5 مىليون 559 مىڭ 100 ئوقۇغۇچى ئادەم قېتىمغا نەپ يەتكۈزگەن.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلار ۋە مەكتەپ ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، پائال تەشەببۇسكارلىق

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## 1 - پەسىلدە شىنجاڭنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى تېز ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈكيېنىڭ** جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە: 1 - پەسىلدە شىنجاڭنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى تېز ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 2 تىرىليون 120 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.7% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.9 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان؛ بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى قەرز پۇلى 63 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

1 - پەسىلدە، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئامانەت پۇل تەدىيارلىق فوندى، تەكرار قەرز پۇل، تەكرار دىسكونت قاتارلىق پۇل سىياسىتى قوراللىرىدىن كۆپ قېتىم پايدىلىنىپ، ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ قەرز قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سېلىنمىنىڭ مۇقىم ئېشىشنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان مەخسۇس قەرز پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك قاندۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش ۋە مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى يېتەرلىك مەبلەغ كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## «تېز ئىلگىرىلەش كۇنۇپكىسى»نى بېسىش يۈگۈرۈش «سۈرئىتىنى ئاشۇرۇش»

—— ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ**

4 - ئايدىكى شىنجاڭدا ھەممىلا يەر گۈزەل باھار تۈسىگە كىرىپ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

بۇنداق ھاياتىي كۈچ زاۋۇتتىكى ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىدا، قەد كۆتۈرگەن قاتار - قاتار ئىمارەتلەردە، سانائەت شەھەرلىرىنىڭ ھەربىر پارچە مۇنبەت تۇپرىقىدا نامايان بولدى...

«يۇقۇم»غا قارشى جەڭدىكى «ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خەرىتىسى»لىرىگە ئاساسەن، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا جايلاشقان كارخانىلار قوغلاپ يېتىشىۋالغۇچى قىياپىتىدە باھارنىڭ قەدىمىنى توختىماي قوغلاشتى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلار ئىشنى 100% ئەسلىگە كەلتۈردى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن خادىملار 519 مىڭغا يېتىپ، نورمال ئىشچى ئىشلىتىش سانىنىڭ 100%نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 98.88%كە يەتتى.

### مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، زاكاز تالىشىش

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى ئىقتىساد،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر شىركىتى مەھسۇلات مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق كەسىپ زەنجىرى پۈتۈن لىنىيەسىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى 2 - تۆمۈر تاۋلاش شۆبە زاۋۇتى C دومنا پېچ تۆمۈر چىقىرىش سۈپىسىدىن قىپقىزىل تۆمۈر ئېرىتمىسى ئېقىپ چىقىۋاتاتتى، نەق مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئومۇميۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر شىركىتى «سۈرئەتنى تېزلىتىش» ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتتى. تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باشلامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۆمۈر ئېرىتمىسىنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارىنى 18 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، نورمىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەپچىقاردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوغدايلى

سۆز ھەممىگە

□ **شۇ چىڭگۇاڭ**

يېقىندا، «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇ يىل 2 - ئايدىن 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنىڭ جەمئىي 3 مىليارد 416 مىليون يۈەن كېمەيتىلگەنلىكى، كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد 670 مىليون يۈەن كېمەيتىلگەنلىكى، كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى خەۋەر قىلىندى. يۇقۇم تەسىرىنى ھەقىقىي تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا قارىتا بىرقاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى چىقىرىپ، «كۈچلۈك، يادرولۇق» ھەرىكەت ئارقىلىق ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوغدىدى.

ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى دېگەن نېمە؟ ئۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەيدىغان، توختىماي ئالغا باسىدىغان بىر خىل روھ، سودا پۇرسىتىنى تۇتىدىغان، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل سەزگۈرلۈك، قوبۇل قىلىش - قويۇۋېتىشتە ئەركىن بولالايدىغان، ئەركىن ئىلگىرىلەيدىغان - چېكىنەلەيدىغان بىر خىل جاسارەت، دادىل ئۆزگىرەلەيدىغان،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇش كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئىشچىلار قۇمۇل شەھىرىگە جايلاشقان شىنجاڭ جۇڭتو بيويەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا مەشغۇلات قىلماقتا. بۇ كارخانا «كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + دېھقانلار» ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

□ پولات نىياز فوتوسى